يۇرت ـ ماكانىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ساغلاملىقنى ساقلاش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق تەربىيەسىنى پائال قانات يايدۇردى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەن بار
ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ماڭا ھەمراھ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا**، ئىختىيارىي مۇخبىر **يې سۈي** خەۋەر قىلىدۇ: مەملىكەتلىك 32 ـ قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مەكتەپ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەن بار، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ماڭا ھەمراھ» دېگەن باش تېمىنى زىچ چۆرىدەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇردى.

مەيىن شامال كەلدى يەلپۈنۈپ، كۈلدى جاھان باھارنى تۇيۇپ. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنىدە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ماسكا تاقاپ، ئورەك قېزىپ، كۆچەت سېلىپ، توپا تىندۇرۇپ، سۇغىرىپ، ياۋا ئۆرۈك، چوڭ يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن، ئاق قېيىن قاتارلىق دەرەخلەرنى تىكىپ، ئەمگىكى بىلەن باھارنى زىننەتلىدى.

«ھازىر دەل ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى مەزگىلى، شۇنداقلا دەل كۆچەت تىكىپ يېشىللىقنى قوغداشنىڭ ياخشى مەزگىلى، بىز ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ‹دەرەخنى كۆپ تىكىش، ياخشى دەرەخ تىكىش، چوڭ دەرەخ تىكىش›نى تەشەببۇس قىلىپ، گۈزەل، ئىناق، يېشىل بولغان ئادەم تەربىيەلەش مۇھىتىنى ئورتاق بەرپا قىلىمىز.» شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى يۇخۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ مەكتەپ 4 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ، 4000 تۈپتىن كۆپرەك دەرەخ تىكىپتۇ.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، قۇمۇل شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 ـ يىللىقدىكى ئوقۇغۇچىلار بىر قېتىملىق ئالاھىدە دەرس — چوڭ تازىلىق دەرسىگە قاتناشتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى سۇ چاچتى، بەزىلىرى يەر سۈپۈردى، بەزىلىرى دېرىزىلەرنى سۈرتتى، مەكتەپ ئىچى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى.

«مەكتەپ تۈركۈمگە، ۋاقىتقا بۆلۈپ بۇ چوڭ تازىلىق دەرسىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئوقۇغۇچىلارنى ساغلام بولۇپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولىدىغان، ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغان گۈزەل ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.» قۇمۇل شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 5 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ۋاڭ باۋتاڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: دەرستىن ئىلگىرى مەن يەنە ئوقۇغۇچىلارغا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى كىچىك سىنىغا ئېلىش توغرىسىدا ئائىلە تاپشۇرۇقى بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ پاكىزلىقنى سۆيىدىغان، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىدىم. «ماسكا تاقىۋېلىڭ دېسە تاقاڭ، سىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى قوزام، قولىڭىزنى يۇيۇپ، كۆپرەك سۇ ئىچىڭ، سىز گەپ ئاڭلايدىغان قوزام، قالتىس، قالتىس…» 5 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى گاۋ جيايى ئىجاد قىلغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بالىلار قوشىقى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

ئاقسۇ شەھەرلىك 11 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ مەكتەپ رادىيوسى، كۆزنەك، سىنىپ قارا دوسكا گېزىتى، ئۈندىدار قاتارلىق ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، تازىلىق، كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ساغلاملىق، ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىنى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇداپىئە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرەن تازىلىق قىلىش، پىدائىي بولۇپ نەسىھەت قىلىش، «كىچىكلەر چوڭلارنى يېتەكلەش» قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىي تازىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىي بولمىغان ھەرىكەتلەرنى ئومۇمىي خەلق نازارەت قىلىدىغان، چەكلەيدىغان قويۇق جەمئىيەت كەيپىياتىنى تىرىشىپ ياراتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى مەخسۇس تەكرار قەرز پۇل بېرىش قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلەردىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشتا مەبلەغقە ئېھتىياجى بىرقەدەر چوڭ بولغان رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش تەكرار قەرز پۇلىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇردى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى قوللاش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 1 تىرىليون 590 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.8% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20.7% ئاشتى؛ جەمئىي تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش تەكرار قەرز پۇلى 4 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشقا بېرىلگەن قەرز پۇلنى مۇقىم تارقىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 479 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 13% ئېشىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 9.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىگىلىنىشچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى مەزگىلىدە مال باھاسى ئۆسۈپ كېتىشنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان بەلگىلىمە ئاساسىدا، 3 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆلچىمىنى بىر ھەسسە ئۆستۈرۈپ تارقىتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېتىم بالىلار ۋە ھەقىقەتەن باققۇچىسى يوق بالىلارنى باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىنىڭ كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: خەلق ئىشلىرى نازارىتى مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ياردەم مەبلىغىنى ھەرقايسى جايلارغا تېزدىن ئاجرىتىپ بېرىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىلەن ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ـ سالامەتلىكى ۋە تۇرمۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئالاقىدار جەددىي ياردەم بېرىش سىياسىتىنى ئۇقتۇرۇپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلتىماس سۇنۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى؛ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن، تۆۋەن كاپالەتلىك، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بولۇپ قۇتقۇزۇلىدىغان ـ ياردەم بېرىلىدىغان، بېقىلىدىغان، مېيىپ قاتارلىق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار توپىغا نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلدى، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ۋاقتىدا ياردەم بەردى. بۇنىڭدىن سىرت، مەكتەپتە قالغان ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى تولۇق ئويلىشىپ، دۆلەت ئوقۇش ياردەم پۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇش ياردەم پۇلى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى؛ ئوقۇش پۈتكۈزگەن ھەم قەرز قايتۇرۇش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان، دۆلەت ئوقۇش ياردىمى قەرز پۇلى ئالغان ئوقۇغۇچىلاردىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، تەسىرگە ئۇچراپ، قەرز پۇل دىرىنى، ئۆسۈمنى نورمال قايتۇرالمىغانلىرىغا قارىتا، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە قەرز قايتۇرۇش مۇددىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىپ بەردى.

مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز داۋاملىق ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ياردەم بېرىش سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت، جەمئىيەت، مەكتەپ قاتارلىقلارنىڭ تۈرلۈك ياردەم بېرىش تۈرلىرى ۋە مەبلىغىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە تولۇق ياردەم بېرىش»كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ، بىرمۇ ئوقۇغۇچىنى ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشتىن قالدۇرمايدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بىر خىل خاراكتېردىن ئىبارەت. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ھەم قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى «سۇ ساقلاش كۆلچىكى»، ھەم ئەڭ ئاخىرقى مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتتىكى «بۇرما مىخ»، ھەم ھەممە ئائىلىنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇپ تۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەم ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئايلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئىچكى ھاياتىي كۈچى، تاشقى ھاياتىي كۈچى، ئۇزاق داۋاملىشىدىغان ھاياتىي كۈچى دەل ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈمىدى ۋە كەلگۈسى.

ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ياخشى قوغداشتا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى «نېرۋا ئاخىرقى ئۇچى»نى قوزغىتىپ، كۆپىنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى «ئەگرى ـ توقايلىق»لاردىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىپ، «ئىممۇنىتېت كۈچى»نى ئاشۇرۇپ، «بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش كۈچى»نى تاۋلاپ، «كېمە كىچىك بولسا، بۇراش ئاسان بولۇش» ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك. بۇ ھەم ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇش، بازارنىڭ گۈللىنىشىگە ئومۇمىيۈزلۈك تۈرتكە بولۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى، ھەم مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىك، بولۇپمۇ «بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش» تېمىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى:
xjrbplb@126.com

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان شەنچى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ كۈندە 40 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلدى. «شىنجاڭدا مۇھىم، زور تۈرلەردە قۇرۇلۇش باشلىنىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگە قەدەر، شىركەت جەمئىي قوبۇل قىلغان زاكاز 2300دىن ئاشتى، مۆلچەرلىنىشچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئىشلەپچىقارغان، ساتقان ئاپتوموبىل 3000دىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 17% ئېشىپ، 932 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىكەن.» شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى كې شيەنجى مۇنداق دېدى: «بىز شىنجاڭ بازىرىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرۈپ يەتتۇق، تەرەققىيات ئىشەنچىمىز ئاشتى».

يۇقۇمنىڭ كارخانىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەممىگە ئايان، نۇرغۇن كارخانا بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا تىرىشىپ يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ كارخانىغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرىنى ئەڭ زور چەكتە تۆۋەنلەتتى.

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، شۇاڭشىيەن گۇرۇھى(شىنجاڭ) كويېنلۇن بالون چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. يېقىنقى مەزگىلدە، بۇ شىركەت 20 مىليون يۈەن تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتى ئاجرىتىپ، خام ماتېرىيال تەييارلاشنى ئەلالاشتۇردى. بۇ شىركەتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى لو چۈنجياڭ مۇنداق دېدى: تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېجىل ياخشىلاش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، كارخانا بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتلارنى تېزدىن تەتقىق قىلىپ ئاچىدۇ. 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، شىركەتنىڭ كۈندىلىك بالون ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىدا يۇقۇمدىن ئىلگىرىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاساسەن ئەسلىگە كەلدى.

شىنجاڭ ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ رايونى، قانچىكى ئالاھىدە مەزگىل بولغانسېرى، ئېنېرگىيە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا شۇنچە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يۇقۇم مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار كارخانىلار قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

1 ـ پەسىلدە، شەرقىي جۇڭغار، قۇمۇلنىڭ ئىشلەنمىگەن تاش كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 14.8%، 38.9% ئېشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۆمۈرچىلىك كەسپى قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20% ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى؛ شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش يولى شىنجاڭنىڭ 19 مىليارد 520 مىليون كىلوۋات سائەت توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشنى تاماملاپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 36.5% ئاشتى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 825 مىڭ 900 توننا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16.6% ئاشتى، خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق سولياۋ يوپۇقى، تېمىتىپ سۇغىرىش شىلانكىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.

قەلبلەرنى ئىللىتىش سىياسىتى دەل ۋاقتىدا بولدى

مەبلەغ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن، ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسىدا شىنجاڭنىڭ خاس يېمەكلىكلىرىنى ساتىدىغان ياڭ شىبوغا «بېسىم تاغدەك ئېغىر» بولدى. ئۇنىڭ تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا، بانكا ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرى ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، نەق مەيداندا ئۇنىڭغا 80 مىڭ يۈەن ئاز سوممىلىق قەرز پۇل بېجىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى جىددىي مەسىلىنى ھەل قىلدى.

ياڭ شىبونىڭ بەھرىمەن بولغىنى دەل يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئاز سوممىلىق رەنىسىز، كېپىللىسىز قەرز پۇل سىياسىتى.

«ئالاھىدە ئىشنى ئالاھىدە بېجىرىش، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەسلىك، يۇقۇم بىلەن سۈرئەتتە بەسلىشىش» ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندى.

قولدىن كەتكەن ۋاقىتنى تولۇقلاپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى، بىر تەرەپتىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، ئېنېرگىيە ۋە ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك پىششىقلاش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى كارخانىلىرىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن قاتناش ـ ترانسپورتنى راۋانلاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى، ئىش ئورنىغا قايتىشىنى تېزلىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق مەركەز كارخانىلىرى، تايانچ پۇقراۋى كارخانىلاردا «بىرگە بىر» ئالاقىلەشكۈچى مېخانىزمنى ئورناتتى، كارخانىلاردا تۇرۇشلۇق بىر تۈركۈم ئالاقىلەشكۈچىلەر كارخانىلاردا تۇرۇپ ئادەم ئىشلىتىش، خام ئەشيا، ترانسپورت، مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان توسۇق نۇقتا، ئاغرىش نۇقتىسى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى.

ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، «يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش توغرىسىدىكى 16 ماددىلىق تەدبىر»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ يۇقۇم تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، مۇقىم تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى» قاتارلىق بىر قاتار ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر دۇچ كەلگەن كۆچمە مەبلەغ قىس بولۇش، خادىملارنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىشى قىيىن بولۇش، تىجارەت تەننەرخى ئۆرلەش قاتارلىق قىيىنچىلىقلار پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەل قىلىندى.

پۇل مۇئامىلە ھاياتىي كۈچ قوشقانلىقتىن شىنجاڭ لىبېيىر سودا چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، يېڭى ماسكا ئىشلەپچىقىرىش سېخى قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى ئەسلىدىكى بىردىن ئونغا كۆپەيتتى. شىركەتنىڭ باش مۇدىرى جاڭ جيې مۇنداق دېدى: «خام ئەشيا سېتىۋېلىش، ئۈسكۈنە زاكاز قىلىش مەبلىغى يېتىشمىگەنىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى، ھۆكۈمەت بىزگە ياردەم قىلىپ چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەردى».

«سۆڭەك جازىسى»نى ياخشى قۇراشتۇرۇپ «قان تومۇر»نى راۋانلاشتۇرۇش

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچى گەنجۈەنباۋ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ فۇفېڭ بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. شىركەتنىڭ تۈر باش نازارەتچىسى فېڭ شىخۇڭ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەم بىرلەمچى تەمىنلەش زەنجىرىنى قوغدىدۇق، ھەم ئىككىلەمچى خېرىدارلارنى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

شىنجاڭ بىر تەرەپتىن باشلامچى كارخانىلار ۋە كۆلەمدىن يۇقىرى، سوممىسى چەكلىمىسىدىن يۇقىرى كارخانىلار ھەم نۇقتىلىق تۈرلەردە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، «سۆڭەك جازىسى»نى ياخشى قۇراشتۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى بويلاپ بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلارنىڭ ئىش باشلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، «قان تومۇر»نى راۋانلاشتۇردى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 100دىن ئارتۇق نۇقتىلىق سانائەت قۇرۇلۇش تۈرى ۋە 11 تۈرلۈك نۇقتىلىق باغچە رايوننىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈرى رەتلەپ چىقىلىپ، مۇھىم، زور تۈرلەرگە ياردەم بېرىش، ئىلگىرى سۈرۈش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىش، جىپسىلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تۈرلەرنى تەستىقلاش، قەرز پۇل ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، مۇھىم ئامىللار كاپالىتى، خادىم، ئىشچى ئىشلىتىش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئورتاق ئالغا سىلجىتىلدى، داۋاملاشما تۈرلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇنۇپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈرلەردە ئۆز قەرەلىدە ئىش باشلىنىپ، زاپاس تۈرلەر تېز ئالغا سىلجىتىلدى. ھازىر، 40 داۋاملاشما تۈردە ئىش ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يېڭىدىن قۇرۇلغان 40 تۈرنىڭ 35 دە ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئىش باشلاندى، 20 زاپاس تۈردە ئالدىنقى باسقۇچلۇق رەسمىيەتلەر جىددىي بېجىرىلىپ، بىر تۈركۈمنى قۇرۇش، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمنى ئالغا سىلجىتىش، بىر تۈركۈمنى زاپاس ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، مۇھىم، زور سانائەت تۈرلىرى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە باشلامچىلىق قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار قاتارلىقلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئارقىدا قېلىش مەسىلىسىگە قارىتا، ئاپتونوم رايون چوڭ كارخانىلارنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ مۇكەممەللىكى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىدە ھەمكارلىشىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئىگىلىنىشچە، كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار سىياسەت بىرىكمە كۈچىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ بازارنى ياخشى ئېچىشى، بازار ئىستراتېگىيەسىنى ۋاقتىدا تەڭشىشى، ھەم بار بولغان زاكازنى ساقلاپ قېلىشى، ھەم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يېڭى بازار ئېچىشىغا ياردەم بېرىدىكەن.